### مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يېتەكچى پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

# دۆلەت باغچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سىستېمىسى قۇرۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «دۆلەت باغچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سىستېمىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت باغچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سىستېمىسى قۇرۇش شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم، زور ئىسلاھات ۋەزىپىسى. دۆلىتىمىز 60 يىلدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق، سانى كۆپ، تۈرى مول، فۇنكسىيەسى كۆپ خىل ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى قۇرۇپ، جانلىقلارنىڭ خىلمۇخىللىقىنى قوغداش، تەبىئىي مىراسلارنى ساقلاپ قېلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە دۆلەت ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تۆپە - تۆپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش، كۆپ تەرەپلىك باشقۇرۇش، پاسىل ئېنىق بولماسلىق، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولماسلىق، قوغداش بىلەن تەرەققىياتنىڭ زىددىيىتى گەۋدىلىك بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. دۆلەت باغچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ھازىر تۆۋەندىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«پىكىر»دە ئومۇمىي تەلەپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سىستېمىسى بەرپا قىلىش، بىرتۇتاش قېلىپلاشقان يۇقىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىش، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى نازارەت قىلىش - باھالاشنى كۈچەيتىش، كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

# بوران - چاپقۇنغا قارىماي ئارزۇنى كۆزلەپ ئاتلىنىش

## —— جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرايلى

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى**

يازلىق كۈن توختاش مەزگىلىدە، مۇنداق بىر خەۋەر كىشىلەرگە «خاتىرجەم قىلىش كۈملىچى» يېگۈزدى: بۇ يىل دۆلىتىمىزدە يازلىق ئاشلىق جەھەتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاراكتېرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مول ھوسۇل ئېلىش مۇقىملىشىپ بولدى. تۈمەنلىگەن ئىشلارنىڭ ئىچىدە، تاماق مەسىلىسى ھەممىدىن مۇھىم. 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن ئاھالىسى بار تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاماق قاچىسىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئامېرىكىلىق ئالىمنىڭ «جۇڭگونى كىم باقىدۇ» دېگەن «بىرائۇن سوئالى»نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمىزدە، تاشقى دۇنيانىڭ گۇمانىغا قارىتا، جۇڭگو خەلقى جاپالىق ئەمگەكى ۋە ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلارلىق جاۋاب بەردى: جۇڭگو دۇنيا تېرىلغۇ يېرىنىڭ 7%نى ئىگىلەيدىغان تېرىلغۇ يەر بىلەن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 22%نى ئىگىلەيدىغان نوپۇسنى بېقىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاچلىقتا چىداش، يەيدىغىنى كەم، كىيىدىغىنى ئاز بولۇش قاتارلىق نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىق ئومۇمەن كەلمەسكە كەتتى.

ئاچ - يالىڭاچ قېلىشتىن تارتىپ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشقىچە، يەنە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشقىچە، بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىش جۇڭگو خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان ئارزۇ يولىنى يورۇتتى. مەيلى پۇقرالارنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان كۈنلىرى بولسۇن ياكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان ئېرىشكەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر بولسۇن، ھەممىسى ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، باشقىلار بىزگە ئىلتىپات قىلىپ بەرگەنمۇ ئەمەس، بەلكى مىليونلىغان جۇڭگو خەلقى ئاز - ئازدىن ئىشلەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش بىزنىڭ خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشىمىزنى يۇتمەس - تۈگىمەس قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

ئارزۇغا ئىنتىلىش يولى ئەزەلدىن تۈز بولغان ئەمەس، جەزمەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش جەريانىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش كېرەك. بۈگۈنكى جۇڭگو دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلمەكتە ھەم چوڭلۇقتىن كۈچىيىشكە يۈزلەنگەن ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرماقتا، بۇ مەزگىلدە ئۆسۈپ يېتىلىش باش قېتىنچىلىقى، تېپىنى ئۆزگەرتىش تولغىقى كەم بولمايدۇ، شۇنداقلا «ئورمانلىقتا ئېگىز ئۆسكەن دەرەخنى ھامان بوران ئاۋۋال سوقىدۇ» دەيدىغان سىناقلاردىن ساقلىنىش تەس. ئۇنداق ياكى مۇنداق خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا قارىتا، بىز كۆلەپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت، چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلىشىمىز كېرەك.

گەرچە جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشى قاتارلىق تاشقى بېسىملار مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرىنى كۆپەيتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك ئاساسىي ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشتەك تارىخىي چوڭ يۈزلىنىشنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتىكى كۈرەش قەدىمى بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىدى، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھېلىھەم چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، پۇختا كۈرەش قىلىپ، بوران - چاپقۇنغا قارىماي ئىلگىرىلىسەكلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «ئەڭ مۇھىمى يەنىلا زېھنى - كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىشىمىز، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىمىزنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىمىز، كاپىتالىزمغا نىسبەتەن ئەۋزەللىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى ئۈزلۈكسىز قۇرۇشىمىز، ئۈزلۈكسىز ھالدا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئەۋزەللىكنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك».

بۈگۈنكى جۇڭگو كۈرەش داۋامىدا ھازىرغا ئۇلاشتى؛ كەلگۈسىدىكى جۇڭگو كۈرەش داۋامىدا يارىتىلىدۇ. ئارزۇغا ئىنتىلىش مۇساپىسىدە، ھەممە كىشى كۈرەشتىكى باش پېرسوناژ، ھەممىسىنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى بار، «شەخس»نى «ئومۇملۇق»قا سىڭدۈرۈشتە، مىڭ چاقىرىملىق مۇساپىدە ئۆركەشلەپ ئېقىپ، سان - ساناقسىز قايتما ئېقىن، تاشقىننىڭ زور كۈچىنى توپلاش زۆرۈر. ئىشچىلار، دېھقانلار قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئەمگەكچىلەر تەر تۆكۈپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى؛ پەن تەتقىقات خادىملىرى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئېگىز چوققىسىغا ئۈزلۈكسىز يامىشىشى؛ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بۆسۈشكە، سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىپ، قالتىسلىققا ئىنتىلىپ، بازار يېڭى بوشلۇقنى پائال ئېچىشى؛ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىشى كېرەك... جۇڭگو كۈچى دېگەن نېمە؟ نەزەرىنى بىپايان جۇڭگو زېمىنىغا ئاغدۇرۇپ، كەڭ خەلق باش چۆكۈرۈپ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەش، جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقىرىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش دېگەنلىكتۇر، مانا بۇ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىدا ھەممىنى يېڭىش، ھەممىلا ئىشتا غەلىبە قازىنىشتىكى كۈچلۈك تىرەك.

«توققۇز قەۋەتلىك پەشتاقمۇ توپا دۆۋىلەشتىن قوپۇرۇلىدۇ.» مەيلى مەيىن شامال، ئىللىق ئاپتاپ، ياكى دەھشەتلىك دولقۇن بولسۇن، مەيلى ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز شارائىت بولسۇن، مۇلايىم، ئىدراكىي پىسخىكىلىق ھالەتنى، جاسارەتلىك - يارامىلىق بولۇش ھالىتىنى ساقلاش، قەدەممۇ قەدەم بىر ئىز قالدۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش باشتىن - ئاخىر بىزنىڭ ئارزۇغا ئىنتىلىش، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدىكى ئۆزگەرمەس رىتىم بولۇپ كەلدى. بۇلۇتلار تىك قىيالار ئارىسىدىن تەمكىن ئۈزۈپ ئۆتىدىغان خەلقئارا ۋەزىيەتتە سالماقلىقنى ساقلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، پۇختا قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىمىز ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىمالىي شەھەر ئەتراپى يولۇچى توشۇش بېكىتى تۇرپاندىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىغا، جامبۇلاق مەنزىرە رايونىغا بىۋاستە قاتنايدىغان ئاپتوبۇس لىنىيەسىنى ئاچتى، ساياھەتچىلەر سەپەر جەريانىدا ئاپتوبۇس ئالماشتۇرمايلا نەگە بېرىپ ئوينىغۇسى كەلسە شۇ يەردە ئاپتوبۇستىن چۈشسە بولىدۇ. مەنزىرە رايونىغا بىۋاستە قاتنايدىغان ئاپتوبۇس تارقاق ساياھەتچىلەرنىڭ مەنزىرە رايونىغا بېرىپ سەيلە قىلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە ساياھەتچىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى.

شىنجاڭ تۆمۈريولى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 0دىن باشلاپ يولۇچىلار نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش خەرىتىسىنى تەڭشەپ، يېڭىدىن 18.5 جۈپ ئوق پويىز قوشىدۇ. يۈرۈش خەرىتىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئىچىدىكى پويىزلارنىڭ قاتنىشى تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ، ئوق پويىزنىڭ قوزغىلىش ۋاقتى، پويىز قېتىمى ھەم يېتىپ بېرىش ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۆزگىرىش بولىدۇ، ھەم ھەپتە ئاخىرىدىكى ئوق پويىزى كۆپەيتىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىش ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ. قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە تۆمۈريول تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، «پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» بارغانسېرى قولايلاشتى.

يېقىندا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى رايون دائىرىلىك «ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى ئايلانما لىنىيەسى» ئالتايدا ئېچىلىپ، بەيشاخۇ، قاناس، كۆكتوقايدىن ئىبارەت دۆلەت 5A دەرىجىلىك ئۈچ مەنزىرە رايونى ئارىسىدا ئايلىنىپ ئۇچۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، «ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى» قاناس مەنزىرە رايونىدىن كۆكتوقاي مەنزىرە رايونىغا بارىدىغان ۋاقىتنى قۇرۇقلۇقتىكى ئون نەچچە سائەتتىن ھاۋا بوشلۇقىدىكى بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتقا قىسقارتتى، ئالتاي ئايرودرومىدىن قاناس، كۆكتوقايغا بارىدىغان ۋاقىتنى 30 مىنۇتقا قىسقارتىپ، «سەپەر ئۇزۇن، ساياھەت قىسقا» بولۇشتەك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى.

### ■ كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ «ئۈچ قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش

ھاجەتخانا تېپىش قىيىن بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ماي قاچىلاش قىيىن بولۇش قاتارلىق شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل 346 ساياھەت ھاجەتخانىسى، 36 ماي قاچىلاش پونكىتى، 100 ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قۇرۇشنى پىلانلىدى.

مايتاغ - كۇچا تاشيولى «جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل تاشيول» دەپ ئاتىلىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ساياھەتچىلەرنىڭ سانىدا تېز سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، G 217 لىنىيەسىنىڭ مايتاغ - كۇچا بۆلىكىدىكى تاشيولنىڭ كەمتۈك، بۇزۇلغان جايلىرىنى تولۇقلاپ رېمونت قىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملىنىدۇ. شۇ چاغدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە 1500 ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى، 19 مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى ھاجەتخانا، نۇرغۇن ئەخلەت ساندۇقى ئائىلە ئاپتوموبىلى ساياھەتچىلىرىگە تېخىمۇ قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، ساياھەتچىلەرنى خاتىرجەم ھالدا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، يول بويى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەردىن تولۇق ھۇزۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىغا كەلگەندە، مۇخبىرنىڭ مەنزىرە رايونىدىكى مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى ھاجەتخانىغا قويۇلغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق چوڭ ئېكرانغا كۆزى چۈشتى، ئېكراندا ھاجەتخانىدا ئادەم بار - يوقلۇقى قاتارلىق ئۇچۇرلار كۆرسىتىلىۋاتاتتى. مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانا ئېكرانىدا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىقتا ئىشلىتىش ئۇچۇرى كۆرسىتىلىپلا قالماي، يەنە ئەقلىي ئىقتىدارلىق سىستېما شۇ كۈنى ھاجەتخانىغا كىرگەن ئادەم سانى، سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى، توك ئىشلىتىش مىقدارى، ئاممىياك گازى قىممىتى، تېمپېراتۇرا، نەملىك قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى ماس قەدەمدە مەنزىرە رايونىنى باشقۇرۇش مەركىزىگە يوللاپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە جىددىي قۇتقۇزۇش كۇنۇپكىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، ساياھەتچىلەر ئەگەر ھاجەتخانىدا بىئارام بولۇپ كۇنۇپكىنى باسسا، غوڭۇلدىغۇچ دەرھال سىگنال بېرىپ، باشقۇرغۇچى خادىملار ۋاقتىدا كېلىپ قۇتقۇزالايدىكەن.

ۋاڭ شاۋيۈڭ كۆكتوقاي ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ كۆكتوقاي ناھىيەسىدە چوڭ بولغان، ھەر قېتىم سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندا، ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋۋال سىلەرنى بىزنىڭ ساياھەتچىلەر ھاجەتخانىمىزنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھاجەتخانا ئىنتايىن پاكىز، چوڭ شەھەرلەردىكى يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانسارايلارنىڭ ھاجەتخانىسىدىنمۇ ياخشى!»

### ■ ئەقلىي ئىقتىدارلىق سەپەردىكى «ھەمبىاب»

«بىز ياسىغان مەنزىرە رايونى ئەمەلىي قوللىنىشچان يۇمشاق دېتالىنى سايرام كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئىشلىتىش ئادىتىگە دائىر سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سەپەردىكى ‹ھەمبىاب›نى خېرىدارلارغا ھېس قىلدۇردۇق.» جاڭ شياڭشۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ شىركەت مەنزىرە رايونىنىڭ ئاقىل ساياھەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ 80%ىنى تاماملىدى، ھازىر ساياھەتچىلەر توردا بېلەت سېتىۋېلىشتىن باشقا، يەنە ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى «720 گرادۇس» ئارقىلىق مەنزىرە رايونىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرەلەيدىغان بولدى ھەم VR قاتارلىق ئەسلىھەلەر ئارقىلىق توردا گۈزەل مەنزىرىلەرنى نەق مەيداندا تۇرغاندەك كۆرەلەيدۇ.

بۇ يىل 3 - ئايدىن باشلاپ، تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق مۇلازىمىتى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلەر چىرايىنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق مەنزىرە رايونىغا كىرەلەيدىغان بولدى. تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى بېلەت ئىشلىرى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لىيۇ ۋېنيې تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېڭى بېلەت سېتىش - تەكشۈرۈش سىستېمىسى ساياھەتچىلەرنىڭ بېلەت سېتىش زالىدا بېلەت سېتىۋېلىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، دەل جايىدىكى ماركېتىڭ ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشنى سانلىق مەلۇماتلار مەددىتى بىلەن تەمىنلىدى.

سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى، تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدەك بۇنداق ئاقىل ساياھەت تۈرلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەنزىرە رايونلىرىدا يولغا قويۇلماقتا. توردا بېلەت سېتىۋېلىشتىن ساياھەتچىلەر چىرايىنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق مەنزىرە رايونىغا كىرىشكىچە، باشقۇرغۇچى تەرەپنى چوڭ سانلىق مەلۇمات مەددىتى بىلەن تەمىنلەشتىن ساياھەتچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقىچە ئاقىل ساياھەت يان تېلېفونى ئەمەلىي قوللىنىشچان يۇمشاق دېتالى ساياھەتچىلەرنىڭ سەپىرىگە قولايلىق ئېلىپ كەلدى.

نۆۋەتتە، «شىنجاڭنى بايقاش» «بىر يان تېلېفوندا ئۈرۈمچىنى ساياھەت قىلىش» «يان تېلېفوندا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» قاتارلىق نۇرغۇن ئاقىل ساياھەت سۇپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

بۆلتۈر 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خۇاۋېي تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھاسىل قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بۇلۇتى، چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسى، ئاقىل پۈتۈن رايون ساياھىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمەلىي ھەمكارلاشتى.

«دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكى ئەسلىدىكى سەيلە - ساياھەتتىن ئارام ئېلىش، ھېس قىلىش شەكلىدىكى ساياھەتكە ئۆزگەردى، شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە مول، رەڭدار ئۆزگىچە مەدەنىيىتى ساياھەتچىلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئاقىل مەدەنىيەت ساياھىتى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ساياھەتچىلىك مۇلازىمەت سەۋىيەسىنىڭ ھالقىما يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.» دېدى چېڭدۇ جۇڭكې داچې يۇمشاق دېتال چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، جۇڭگو ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇمات قۇرۇلۇشى مەركىزىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ چېن.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# سەي چىرۇڭ: پىدائىي قىسىمنىڭ چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان «باتۇر قوماندان»ى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېبېي، 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر باۋ شياۋچېڭ)** ھەر يىلى باھار بىلەن ياز ئالماشقاندا، دابىيشەن تاغلىق رايونىنى قاپلىغان كاككۇكگۈللىرى بەس - بەستە پورەكلەپ ئېچىلىدۇ، دابىيشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە جايلاشقان تاڭجياخۇي بازىرىمۇ كاككۇكگۈلى بىلەن پۈركىنىدۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەر داڭلىق قىزىل ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى. جىنجەي ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمال دەرۋازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاڭجياخۇي بازىرى ئىلگىرى بىر نەچچە قېتىم خېنەننىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە ئەنخۇينىڭ غەربىي شىمالىدىكى قىزىل ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ۋە ئىنقىلابىي قوراللىق قىسىمنىڭ ھەربىي قوماندانلىق مەركىزى بولغان. پىدائىي قىسىمنىڭ 12 - جۈنى 35 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى سەي چىرۇڭ دەل مۇشۇ يەردىن ئىنقىلاب يولىغا ئاتلانغان.

سەي چىرۇڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى سەي خېيۈن بولۇپ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىنجەي ناھىيەسىدىن. 1915 - يىلى 3 - ئايدا خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئىلگىرىكى شاڭچېڭ ناھىيەسى شاڭەن سىداۋخې (بۈگۈنكى جىنجەي ناھىيەسىنىڭ تاڭجياخۇي بازىرى)دا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىق چاغلىرىدا شاڭچېڭ ناھىيە بازىرىدا ئوقۇغان. 1932 - يىلى، بۇ يېزىدىكى سىداۋخېدا يېزا قىزىل قوغدىنىش ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ يىلى قىشتا، چىنەن ناھىيەلىك پارتكوم يىنشافەندە تەشكىللەپ قۇرغان 1 - يول پارتىزانلار سىسىغا قاتنىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەنجاڭ، پەيجاڭ بولغان. 1933 - يىلى 4 - ئايدا، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى 25 - جۈنى 75 - شىسى 223 - تۇەنى 1 - يىڭىنىڭ يىڭجاڭى بولغان. شۇ يىلى كۈزدە، قىزىل 223 - تۇەننىڭ تۇەن جېڭۋېيىسى بولغان. قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىستراتېگىيەلىك يۆتكەلگەندىن كېيىن، قىزىل 75 - شى بۇيرۇققا بىنائەن خۇبېي - خېنەن - ئەنخۇي ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىدا قېلىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان.

1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى، سەي چىرۇڭ قىزىل 223 - تۇەننى باشلاپ، لىيۇئەن ناھىيەسىدىكى دامادىيەن بىلەن شياۋمادىيەن ئارىلىقىدا قىزىل 4 - يۈەنلىش ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ يۆتكىلىشىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، يەنزىخې، لوتوئاۋ، يەنجياۋ، شىنجۇ، بالىۋەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، 10 - ئاينىڭ بېشىدا خۇڭئەننىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا يېتىپ بېرىپ، ئارقىدىن جۈننىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە يېڭى بىلەن مەزكۇر رايوندا ھەرىكەت قىلغان. 10 - ئاينىڭ ئاخىرى، دىڭ جياپياۋدا دۈشمەننىڭ 13 - شىسىنىڭ بىر لىيەنىنى يوقاتقان؛ 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، گاۋجياچياۋدا دۈشمەننىڭ 13 - شىسىنىڭ 73 - تۇەنىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچراتقان؛ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، گۆەنماۋتاڭدا دۈشمەننىڭ ئامانلىق ساقلاش 4 - تۇەنى ۋە خۇبېي ئۆلكىسى 4 - رايونى (خۇڭئەن، ما چېڭ، خۇاڭگاڭ، خۇاڭپى، لىشەن قاتارلىق بەش ناھىيەگە قاراشلىق)نىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىگە زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ 120دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان، دۈشمەننىڭ ئامانلىق ساقلاش 4 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى لى شۇرۇڭنى ئېتىپ يارىلاندۇرغان. 10 - ئاينىڭ ئاخىرى، بالىۋەندە ئەكسىيەتچىل مىنتۇەنگە زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ 300دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان ۋە ئەسىرگە ئالغان. ئارقىدىن چىلىپىڭ، ساۋشۇگاڭ ھەم ماچېڭنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا يۆتكىلىپ بېرىپ ھەرىكەت قىلغان. چىلىپىڭغا يېقىن يەردە دۈشمەننىڭ 80 - شىسىنىڭ بىر قىسمىنى يوقاتقان. ھەر قېتىملىق جەڭدە، سەي چىرۇڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە باتۇرلۇقى، تاكتىكىغا ئۇستىلىقى، كەسكىنلىكى، قوماندانلىق قىلىشتا ماھىرلىقىنى نامايان قىلىپ، باتۇر ھەم تاكتىكىغا ئۇستا «باتۇر قوماندان» دەپ ئاتالغان.

1933 - يىلدىن باشلاپ، سەي چىرۇڭ قىسىمنى باشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خېنەن گۇاڭشەن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گوجياخېدا دۈشمەننى يوقىتىش جېڭىگە، خۇبېي خۇڭئەن چىلىپىڭنىڭ شىمالىدىكى پەنجياخې جېڭىگە، ئەنخۇي جىنجياجەينىڭ غەربىدىكى گېيېكشەن قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە، خېنەن لوشەن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چاڭلىڭگاڭ جېڭىگە، خېنەن گۇاڭشەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى خۇشەنجەي ھۇجۇمغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتناشقان. 1934 - يىلى 11 - ئايدا، قىزىل 25 - جۈنگە ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، 1935 - يىلى شەنشىنىڭ شىمالىغا يېتىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

1950 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، سەي چىرۇڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى 12 - جۈنى 35 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى بولۇپ، قىسىمنى باشلاپ چاۋشيەنگە بېرىپ جەڭگە قاتناشقان. نەچچە قېتىملىق مۇھىم، زور ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 1951 - يىلى 6 - ئايدا، داڭلىق 5 - قېتىملىق ئۇرۇشتا، ئامېرىكا ئارمىيەسى ھاۋادىكى ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، نەچچە يۈز ئايروپىلان ئەۋەتىپ تانكىلىرىنى قوغداپ، يەر يۈزىدىن شىددەت بىلەن ھۇجۇم قوزغىغاندا، سەي چىرۇڭ ئالدىنقى سەپكە ئۆزى بېرىپ، جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان، شۇ يىلى 36 ياشتا ئىدى. كېيىن، ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىش ئىزلىرى شەرقىي شىمال پىدائىي قىسىمنىڭ خاتىرە سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)